## 60359 ـ تۇمار ئېسىشتىن قانداق قۇتۇلىمەن؟

### سۇئال

دادامنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر كىشى دادامغا كۆز تەككەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنى قايىل قىلدى، ۋە ئۇنىڭغا بىر تال تاشنى بېرىپ: بۇنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويسىڭىز كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ دېدى، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن دادامغا بىر قەغەزنى بەردى، ئۇ قەغەزنىڭ ئۈستىگە ئا ب ئەين د دېگەن ھەرپلار يېزىلغان، ئاستى تەرىپىگە ئاللاھ مۇھاپىزەت قىلسۇن دېگەن سۆز ۋە باشقا ئېنىقسىز شېپىرلار يېزىلغان ئىكەن، بىز بۇ قەغەزدىن قۇتۇلۇشنى خالايمىز، چۈنكى بۇ توغرا بولمىغان ئىش، لېكىن بىز، بىزگە زەرەر يەتمىگەن ئاساستا بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى بىلەلمىدۇق، سىلىدىن  بىزگە يول كۆرسىتىشلىرىنى ۋە پايدىلىق نەسىھەت قىلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك كۆز تېگىش ھەقىقەت، ئۇنىڭدىن يالغانچى، كاززابلار تۈزگەن ئېنىقسىز بولغان تۇمار، چېگىكلەر بىلەن ئەمەس بەلكى شەرىئەت كۆرسەتكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن دۇئا، زىكىرلەر بىلەن ساقلىنىش كېرەك بولىدۇ. كۆز تېگىشنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش يوللىرىنى بىلىش ئۈچۈن 20954-11359-نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: كۆز تېگىش ياكى سېھىردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاش ياكى باشقا چۈشىنىكسىز يازمىلارنى ئېلىپ يۈرۈش، شەرىئەتتە چەكلەنگەن تۇمار ئېسىۋېلىشنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ توغرىدا: ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر توپ كىشىلەر كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن توققۇز كىشىدىن بەيئەتنى قوبۇل قىلىپ، بىر كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى، ئۇلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزدىن توققۇز كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدىلا، بىر كىشىنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلمىدىلا؟دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ بوينىغا تۇمار ئېسىلغان ئىكەن دەپ، قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭ بويىنىدىن تۇمارنى ئۈزۈپ ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭمۇ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە :كىمكى تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ، دېدى. [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 16781-ھەدىس. شەيخ ئەلبانىي رەھىمەھۇللاھ سەھىھ دەپ، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 492-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئاللاھ تائالا تۇمار ئاسقان كىشىنىڭ ئىشىنى تامامالاپ بەرمىسۇن، كۆز مۇنچاق ئاسقان ئادەمنى ئاللاھ مۇھاپىزەت قىلمىسۇن، دەيدۇ. [ئىمام ئەھمەد 17440– رىۋايىتى].

ئىمام خەتتابى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تۇمار دىگەن: بالايى–ئاپەتنى توسىدۇ دەپ بويىنغا ئاسىدىغان يىپقا تىزىلغان نەرسىدۇر".

ئىمام بەغەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تۇمار دىگەن ئۆز دەۋرىدە ئەرەبلەر باللىرىنى كۆز تىگىشتىن ساقلايدۇ دىگەن خاتا قاراش بىلەن ئۇلارنىڭ بويىنغا ئىسىپ قويىدىغان يىپقا تىزىلغان نەرسىدۇر". [تەرىپاتۇل ئىئتىقادىيە 121–بەت].

ئۆلىمالارنىڭ توغرا قارىشىدا تۇمار ئىسىش چەكلىنىدۇ، گەرچە ئۇ قۇرئان ئايەتلىرىدىن يىزىلغان بولسىمۇ، بۇ توغرىدا 10543–نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئەمما تۆرلۈك ھەرىپلەر، چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇمارلارنى ئىسىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىدە ھىچ ئىختىلاپ يوق، بۇنىڭ سېھىر ياكى جىنلاردىن ياردەم ئىلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى: تۇمار ۋە سېھىرگە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى: ئەگەر تۆگۈنچەكنى تاپالىسا ئۇنى يېشىۋېتىپ، پارچە–پارچە قىلىپ بۇزۇپ كۆيدۈرۈش ياكى باشقا ئۇسۇلدا يوق قىلىش كىرەك. بۇ توغرىدا زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىلىدىغان بىر يەھۇدىي بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ئۇ بىر تۇمار چىگىپ ئۇنى ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر كىشىنىڭ قۇدۇقىغا تاشلىدى، شۇنىڭ سەۋەبىدىن بىر قانچە ۋاقىت شىكەستە بولدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە "ئالتە ئاي"دىيىلگەن. ئىككى پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقلاپ كىلىپ، بىرسى باش تەرىپىدە يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرى: بۇنىڭ نىمە كىسەل بولغانلىقىنى بىلەمسەن؟ بۇ ئۆيىگە كىرگەن پالانى يەھۇدىي بىر تۇمار چىگىپ پالانى ئەنسارىنىڭ قۇدۇقىغا تاشلىۋەتتى، ئەگەر بىر ئادەمنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىپ، قۇدۇقتىن چىگىلگەن تۇمارنى ئىلىۋەتسە، قۇدۇقنىڭ سۈيىنى سارغىيىپ كەتكەن ھالەتتە تاپاتتى دىدى، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يىنىغا مۇئەۋۋىزەتەيىن سۈرىسىنى ئىلىپ چۈشۈپ: بىر يەھۇدىي ساڭا سېھىر قىلدى، سېھىر قىلىنغان نەرسە پالانچىنىڭ قۇدۇقىدا دىدى". پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇنى ئەۋەتتى، ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ بىرىپ قارىسا قۇدۇقنىڭ سۈيى سارغىيىپ كىتىپتۇ، قۇدۇقتىن سېھىر قىلىنغان تۆگۈنچەكنى ئىلىپ كەلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يىشىشكە بۇيرىدى ۋە ئايەتنى ئوقۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنى ئوقۇدى، تۆگۈنچەك يىشىلدى، ھەر بىر تۆگۈنچەك يىشىلسا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يەڭگىللەشتى ۋە ئاخىرىدا ساقايدى. [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 6–توم 615–بەتتە كەلتۈردى. ھاكىم 4–توم 460–بەتتە، نەسائىي 2–توم 172–بەتتە، ئىمام ئەھمەد 4–توم 615–بەتتە كەلتۈرگەن].

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سېھرگەرنىڭ نېمە قىلغانلىقىغا قارىلىدۇ، سېھرگەرنىڭ چاچتىن بىر نەرسە قىلغانلىقى بىلىنسە ياكى ئۇنى تاغاقتا ياكى باشقا نەرسىلەردە قىلغان بولسا، ئۇنى پالانى جايغا قويغانلىقى بىلىنسە، ئۇ نەرسىنى شۇ جايدىن ئېلىۋېتىپ كۆيدۈرۈۋش، بۇزۇۋېتىش كېرەك، سېھرىگەر مەقسەت قىلغان ئىشنى يوق قىلىۋېتىش كېرەك".[شەيخ ئىبنى بازنىڭ پەتىۋا ۋە ماقالىلەرتوپلىمى 8-توم 144-بەت].

دادىڭىزدىكى قەغەزدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى، ئۇ قەغەزنى يىرتىپ تاشلاپ، كۆيدۈرۈۋېتىش بىلەن بىرگە تۇمار ئاسقانلىق ۋە تۇمارغا ئالاقىدار بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.